# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت قاراڭغۇلىقىدۇر، بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى

جابىر بىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت قاراڭغۇلىقىدۇر، بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان. شۇنداقلا بېخىللىق ئۇلارنى قانلىرىنى توكۈشكە، ئار-نومۇسىنى دەپسەندە قىلىشقا ئېلىپ باردى
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى زۇلۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى، زۇلۇم: كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ھەققىگە زۇلۇم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. زۇلۇم دېگەن: ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىشنى رەت قىلىشتۇر، زۇلۇم دېگەن قىيانەت كۈنىدە زۇلۇم قىلغۇچىغا قاتتىقچىلىق ۋە دەھشەت ئېلىپ كېلىدىغان قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەتتۇر. مالغا بەك ھېرىسمەن بولۇپ بېخىللىق قىلىشتىن چەكلىدى، بۇنىڭدىن دۇنيادىكى مالىيە ھەق-ھوقۇقنى تولۇق ئادا قىلماي، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ تۈردىكى زۇلۇملار بىزدىن ئىلگىرىكى مىللەتلەرنى ھالاك قىلغان بولۇپ، ئۇلار زۇلۇم سەۋەپلىك بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى ھالال دەپ قارايدىغان دەرىجىگە يۈزلەنگەن.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5787